السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# كىمىكى تاماق يەپ بولغاندا: ماڭا تاماق بەرگەن، مېنىڭ كۈچ قۇۋۋىتىمسىز بۇ تاماقلار بىلەن مېنى رىزىقلاندۇرغان ئاللاھ تائالاغا ھەمدىلەر بولسۇن، دېسە، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ

مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: كىمىكى تاماق يەپ بولغاندا: ماڭا تاماق بەرگەن، مېنىڭ كۈچ قۇۋۋىتىمسىز بۇ تاماقلار بىلەن مېنى رىزىقلاندۇرغان ئاللاھ تائالاغا ھەمدىلەر بولسۇن، دېسە، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ

ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئىنسان قانداق بىر تاماق يېگەندە ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالاغا ھەمدۇ-سانا ئېيتىشى كېرەك.«ماڭا بۇ يېمەكنى بەرگەن، مېنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىمسىز بۇ يېمەكلەر بىلەن مېنى رىزىقلاندۇرغان ئاللاھ تائالاغا ھەمدىلەر بولسۇن». بۇ سۆز يېمەك-ئىچمەكنىڭ قانداق قولغا كەلگەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى كۆچلۈك ئادەم ئۆزىنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئوزۇقنى ئېرىشىدۇ، بەزى ئاجىز كىشىلەر ھىلە ئارقىلىق ئوزۇققا ئېرىشىدۇ. رەسۇلۇللاھ يۇقىرىقى سۆزى بىلەن رىزقىنىڭ قولغا كېلىشى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى مەرھەمىتى بىلەن بولىدۇ، باشقا مەخلۇقلارنىڭ ئۇنىڭغا تەسىرى بولمايدۇ، دېگەنگە ئىشارەت قىلغان

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5431

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee